چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# تام تاغىنىڭ كەپىسى

ستو [ئامېرىكا]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# تام تاغىنىڭ كەپىسى

## ستو [ئامېرىكا]

تەرجىمە قىلغۇچى: قادىر راخمان



**图书在版编目（C I P）数据**

汤姆叔叔的小屋/(美)斯陀夫人(Stowe, H. B.)著；朱光政编；卡德尔·热合曼译.—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，2006.5

ISBN 7-80658-920-1

Ⅰ.汤... Ⅱ.①斯... ②朱... ③卡... Ⅲ.长篇小说—美国—近代—缩写本—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I712.44

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第037211号

بۇ كىتاب جۇڭگو بالىلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

**تام تاغىنىڭ كەپىسى**

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ [illegible]

شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بەت ياسالدى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

فورماتى: 787 × 970mm 1/32؛ باسما تاۋىقى: 6.75

ISBN 7-80658-920-1

باھاسى: 7.50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社 2000 年 12 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

责任编辑：茹鲜古丽·吐尔逊

美术编辑：阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流

责任校对：艾比布拉·艾力
穆巴拉克·阿帕尔

审　　订：亚森·吾不力哈斯木
吐尔洪江·苏里坦

世界经典文学作品赏析

汤姆叔叔的小屋（维文）

卡德尔·热合曼　译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漢尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新华印刷厂印刷
2006 年 5 月第 1 版　2006 年 5 月第 1 次印刷
开本：787×970 毫米　1/32　印张：6.75
ISBN 7-80658-920-1

定价：7.50 元

如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话：0991-4521461

2 ـ ئاي كۆنلىرىدىكى بىر كەچتە، كېنتۇككى شتاتىنىڭ P شەھىرىدىكى بىر ئائىلىنىڭ ناھايىتى ئېسىل جابدۇنغان مېھمانخانىسىدا ئىككى مۆتىۋەر جاناب ئولتۇراتتى. مېھمانخانىدا چاكار يوق؛ ئۇلار ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ناھايىتى يېقىن ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قانداقتۇر بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ناھايىتى ئەستايىدىل مۇزاكىرىلىشىۋاتقانلىقى روشەن ئىدى.

ھېكايىمىزنى بايان قىلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، بىز بۇ ئىككىيلەننى مۆتىۋەر دېدۇق. ئەمما، قاتتىق ئۆلچەم بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ مۆتىۋەر دەپ ئاتىلىشقا سالاھىيىتى توشمايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ پاكار، دوغىلاق، تۇرقى ـ سىياقىدىن بىر تومپاي، كېلىپ چىقىشى ناھايىتى تۆۋەن بولسىمۇ، ئەمما پۈتۈن كۈچى بىلەن يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر قاتلىمىغا قىستىلىپ كىرىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بىر ئەبلەخ ئىدى.

ئۇنىڭ ھەمراھى شېلبى ئەپەندىنىڭ قىياپىتىدىن بولسا ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق مۆتىۋەرلىك چىقىپ تۇراتتى، ئۇلار ئىككىسى ھەقىقەتەن بىر مەسىلە ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇزاكىرىلىشىۋاتاتتى.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbo

— بۇ ئىش مۇشۇنداق بېكىتىلدى ئەمەسمۇ، — دې-
دى شېلبى ئەپەندى.

— بۇنداق سودىنى مەن قىلالمايمەن، راستىنلا
قىلالمايمەن، شېلبى ئەپەندى، — دېدى قارشى تەرەپ.

— بىراق تام ھەقىقەتەن باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ،
ئۇنىڭغا ئوخشاش بۇنداق قۇلنى نەگىلا ئاپارسىمۇ چوقۇم
بۇ باھاغا يارايدۇ.

— سىز دەۋاتقان سەممىيلىك نېگىرلارغا قارد-
تىلغانغۇ دەيمەن، — دېدى ھاررى ۋە سۆزلەۋېتىپ يەنە
بىر رومكا براندى قۇيدى.

— ئۇنداقتا، ھاررى، سىزنىڭچە بۇ سودىنى قانداق
قىلىمىز؟ — دېدى شېلبى ئەپەندى خاتىرجەمسىزلەنگەن
ھالدا نەچچە دەقىقە ئۇيغا چۆككەندىن كېيىن.

— تامدىن باشقا يەنە بىر ئوغۇل بالا ياكى بىر قىز
بالا قوشۇپ بېرەمسىز قانداق؟

دەل شۇ پەيتتە ئىشىك ئېچىلىپ، بىر كىچىك
ئوغۇل بالا كىرىپ كەلدى. بۇ بالا بەكمۇ چىرايلىق،
ئوماق ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى
كەلتۈرىدىغان ئىشەنچ ۋە خىجىللىق چىقىپ تۇرغان
روھىي ھالىتىدىن ئەزەلدىن خوجايىنىنىڭ ياخشى كۆ-
رۈشىگە مۇيەسسەر بولۇپ كېلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇ-
راتتى.

— جىم كىلائۇس، — دەپ ۋارقىرىدى شىلبى ئەپەندى، ئاندىن بىر تەرەپتىن ئىسقىرتىپ، بىر تەرەپتىن بىر سىقىم يېمىشنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئاتتى.

كىچىك بالا يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ بۇ ئىنئامنى تېرىۋالدى، ئۇنىڭ خوجايىنى بىر چەتتە ئولتۇرۇپ قا-قاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

بۇ چاغدا مېھمانخانىنىڭ ئىشىكى ئاستا ئېچىلىپ، تەخمىنەن يىگىرمە ياشلار ئەتراپىدىكى چىرايلىق بىر چوكان كىردى.

بىر قاراپلا بۇ چوكاننىڭ ھېلىقى ئوغۇل بالىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. چوكاننىڭ تې-رىسى قوڭۇر بولۇپ، مەڭزىدىن سەل قىزىللىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە ئىنتايىن ياراشقان كوفتا-يوپكا كىيگەن بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنى ۋە قامالاشقان فىگۇرىسى تولۇق نامايان بولۇپ تۇراتتى. ھەتتا ئۇنىڭ يۇمران قوللىرى، ئىنچىكە پۇتلىرى ۋە ئوشۇقى قاتارلىق بەدىنىنىڭ ئوچۇق قىسىملىرىمۇ بۇ ئادەم بېدىكىنىڭ مۇشۇكىنىڭكىدەك كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى مۇنداق ئىشلارغا پىششىپ كەتكەن بو-لۇپ، بىر قاراپلا بىر گۈزەل ئايال قولىنىڭ بەدىنىنىڭ ھەربىر قىسمىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتەلەيتتى.

— نېمە ئىش بار، ئېلىزا؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭ

خوجايىننى بۇ چوكاننىڭ ئۆزىگە قاراپ ئىككىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ.

— كەچۈرسىلە، بېگىم، ھاررىنى ئىزدەۋاتىمەن، — ئۇ ئوغۇل بالا سەكرەپ ئويناقلىغان پېتى چوكانغا قاراپ يۈگۈردى.

— ھە، بولىدۇ، ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭ! — دېدى شېلبى ئەپەندى. چوكان دەرھال بالىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

— ياللا، — دېدى ئادەم بېدىكى مەستلىكى كەلگەن ھالدا شېلبى ئەپەندىگە بۇرۇلۇپ، — بۇ ھەقىقەتەن ئالىي دەرىجىلىك مال ئىكەن! مەن ئىلگىرى كۆپ كۆرگەن، كىشىلەر مىڭ دوللار خەجلەپ سېتىۋالغان قىزلار مەيلى ھۆسن - جامالى ياكى بەدەن قۇرۇلمىسى جەھەتتە بولسۇن، ھېچقايسىسى سىزنىڭ بۇ قۇلىڭىزغا يەتمەيدىكەن.

— مېنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ باي بولۇۋالغۇم يوق، — دېدى شېلبى ئەپەندى سوغۇققىنە.

— ئەمىسە، ئاشۇ ئوغۇل بالىنى قوشۇپ بېرىڭ، — دېدى قۇل بېدىكى، — مېنىڭ ئۇنى قوشۇپ بېرىڭ دېگەنلىكىم ناھايىتى كۆپ يول قويغىنىم.

— مەن بىر ئويلىنىپ باقاي، ئايالىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي، — دېدى شېلبى ئەپەندى، —

هارىرى، بۇ يەردىكى چىغىڭىزدا مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلىسىڭىز، ئەتراپتىكىلەر بۇ ئىشنى بىلىپ قالمىسا، بۈگۈن كەچ سائەت 6 ـ 7 لەردە كېلىڭ، شۇ چاغدا جاـ ۋابنى ئاڭلايسىز.

قۇل بېدىكى ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى.

شىبلىي ئەپەندى كىشىلەرگە خېلىلا ھېسداشلىق قىلىدىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ قورۇقىدىكى نېگىر قۇللار ماددىي جەھەتتە بىرەر نەرسىدىن قىسىلمايتتى. ئەمما ئۇ ھەدەپ ھايانكەشلىك سودىسى بىلەن شۇغۇللىـ نىۋەرگەچكە، ئېغىر قەرزگە بوغۇلۇپ قالغان، قەرز ھۆججەتلىرىنىڭ كۆپى ھاررىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتـ كەنىدى. مانا بۇ بايىقى سۆھبەتنىڭ سەۋەبى ئىدى.

ئىلىزانى كىچىكىدىنلا ئايال خوجايىن بېقىپ چوڭ قىلغان، ئايال خوجايىن ئۇنى ياخشى كۆرەتتى ۋە باشتىلا ئەركە ئۆگىتىپ قويغانىدى.

ئۇ چوكان قوشنا قورۇقتىكى جورجى ھارىس ئىـ سىملىك بىر ئەرگە ياتلىق قىلىنغان، ئۇ ئەقىللىق، ناھايىتى قابىل يىگىت ئىدى.

ھارىسنىڭ خوجايىنى ئۇنى بىر چىپتا تاغار زاۋۇتىغا ئىشلەپ بېرىشكە ئىجارىگە بەرگەن، ھارىس زېرەك، قولى ئەپچىل، ئىشقا پىششىق بولغاچقا، زاۋۇتتا ھەممىدىن ماـ

ھەر ئادەم دەپ قارالغان ھەمدە چىگە تازىلاش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلغانىدى.

ھارىس كىلىشكەن، مۇلايىم يىگىت بولۇپ، زاۋۇتتىكى ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ خوجايىنىنى خاپا قىلىپ قويىدى، ئۇنىڭ خوجايىنى مەن ئۇچۇن بىر سەتچىلىك دەپ قارىغانىدى. ئۇنىڭ قولىنىڭ يېزىدا خالىغانچە ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىپ يۈرۈپ، قانداقتۇر ماشىنا دېگەندەك نېمىلەرنى كەشىپ قىلىشىغا نېمە ھەددى بولسۇن؟ مۆتىۋەر جانابلار ئالدىدا بېشىنى كۆتۈرۈپ، مەيدىسىنى كېرىپ يۈرۈشكە نېمە ھەددى بولسۇن؟ خوجايىنى ھارىسنى قورۇقا قايتۇرۇپ كەتمەكچى، ئۇنى ئاپىرىپ ئوت ئورۇشقا، يەر ئاغدۇرۇشقا سالماقچى بولدى.

— قېنى، سېنىڭ يەنە كۆرەڭلەپ، ھەممە يەردە چېپىپ يۈرگىنىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي، — دەپ ئويلىدى خوجايىن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ زاۋۇت خوجايىنىغا ھازىرلا ھارىسنى ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، زاۋۇت خوجايىنى ۋە ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ھەيران قالدى.

بۇ تۇيۇقسىز خەۋەرنى ئاڭلىغاندا، ھارىس ھەيران قالغىنىدىن قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، ئۆزىنىڭ بۇ شۇم تەقدىرگە قارشى تۇرۇشقا چارىسىزلىقىنى ھېس قىلدى.



جورجى هارىس قورۇققا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، ئەڭ ئېغىر ئەمگەككە سېلىنىدى، ئەمما ئۇ بەربىر بىر جاذ-ىسىز نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئۆكتەم، رەھىمسىز خوجايىن بارلىق ئامالىلار بىلەن ئۇنى ئازابلىدى، هاقارەتلىدى، ئۇ بۇ ئازابقا زادىلا بەرداش-لىق بېرەلمەي قالدى. ئۇ خوجايىنىنىڭ ئۇزىنى جەنۇب تەرەپكە سېتىۋەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاخىر قەتئىي هالدا بۇ يەردىن كېتىش قارارىغا كەلدى.

— بولدى، ئىلىزا، سۆيۈملۈكۈم، — دېدى هارىس قايغۇ بىلەن، — قەيسەر بول، خەير - خوش، مەن كاناداغا كېتىمەن! مەن ئۇ يەرگە بېرىۋالغاندىن كېيىن، كېلىپ سېنى سېتىۋالىمەن! بۇ بىزنىڭ بىردىنبىر ئۇمىدى-مىزغۇ. تەڭرىنىڭ مېنى ئۇز پاناهىدا ساقلىشىنى تى-لەيمەن.

— ۋاي تەڭرىم، بۇ بەك قورقۇنچلۇق ئىش ئىكەن. ناۋادا تۇتۇلۇپ قالسىڭىز قانداق قىلىمىز؟

— مەن هەرگىز تۇتۇلۇپ قالمايمەن، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم! بولدى، ئەمدى خوش دېيىمەن! — دېدى هارىس. ئىككىسى سۈكۈت ئىچىدە بىردەم بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ئايرىلىشتى.

تام تاغىنىڭ ئۆيى ياغاچتىن ياسالغان كەپە ئىدى. كەپە ئالدىدا كىچىككىنە هويلا بولۇپ، ناهايىتى رەتلىك

يىغىشتۇرۇلغانىدى.

ئالدىنقى قورۇدىكى كەچلىك تاماق تارتىلىپ بول-
غان، ئاشپەز كرووۋ هاما تاماقنى ئېتىپ بولغاندىن
كېيىن، ئاشخانىدىكى قاچا - قومۇچلارنى يۇيىدىغان،
تازىلىق قىلىدىغان ئىشلارنى قول ئاستىدىكىلەرگە تاپ-
شۇرۇۋېتىپ، «ھەمراھىغا تاماق ئېتىپ بېرىش ئۈچۈن»
ئۆزىنىڭ ئىللىق، راھەتلىك ئۆيىگە قايتىپ كەردى.
كرووۋ هاما ھەقىقەتەن ھەممە بىلىدىغان ۋە ئېتىراپ
قىلىدىغان باش ئاشپەز ئىدى.

تام تاغا بۇ ئەتراپتىكى دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئا-
ساسچىسى ئىدى. ئۇ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشنى ئاساس
قىلغان بىر ئىستىخىيىلىك تەشكىلات قۇرغان، ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئۇ باشقا قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا كەڭ قور-
ساق، ئالىي پەزىلەتلىك بولغاچقا، كۆپچىلىك ئۇنى
ھۆرمەتلەيتتى، ھەممىيلەن ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ «باستېر»
ى دەپ قارايتتى. «ئىنجىل» دىكى پەند - نەسىھەتلەر،
ئايەتلەر ئۇنىڭ تەن ۋە روھىغا سىڭىپ كەتكەندەك، ئۇ-
نىڭ ۋۇجۇدىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك
قىلاتتى، شۇڭا ئۇ ھەمىشە ئىختىيارسىز ھالدا ئىنجىل-
دىن سۆزلەپ كېتەتتى.

بۇ چاغدا ھېلىقى قۇل بېدىكى بىلەن شىلبى ئە-
پەندى ھېلىقى مېھمانخانىدىكى شىرە ئالدىدا ئولتۇراتتى،

شىرەدە بەزى توختاملار تۈزاتتى.

شىلبى ئەپەندى خۇددى كىشىنىڭ كۆڭلىنى خاپا قىلىدىغان بىر سودىنى پۈتتۈرۈشكە ئالدىراۋاتقاندەك، ئالدىراپلا ئۆزىگە تۈزىتىلگەن توختامغا قول قويۇپ، ئاندىن توختام ۋە پۇلنى قارشى تەرەپكە ئۇزاتتى.

— ياخشى بولدى، بۇ ئىشىمىز پۈتتى! — دېدى قۇل بېدىكى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

— مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنىڭغا بىر ياخشى ئادەم تېپىپ بېرىمەن، مەن ئۇنىڭغا ھەرگىز ئۇۋال قىلمايمەن، سىزنىڭ بۇنىڭدىن ئەنسىرىشىڭىز ھاجەتسىز.

شىلبى ئەپەندى بىلەن ئۇنىڭ خانىمى ياتىقىغا كىرىپ دەم ئالماقچى بولدى. شىلبى خانىم ئېرىگە بۇرۇلۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئارتور، سىزدىن سوراپ باقاي، بۈگۈن ئۆيىمىزگە كېلىپ تاماق يېگەن بۇ تومپاي ئەبلەخ كىم؟

— ئۇنىڭ ئىسمى ھاررى، — دېدى شىلبى ئەپەندى، ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئولتۇرغان جايىدىلا بۇرۇلۇپ، ئالدىكى خەتكە تىكىلىپ قالدى.

— ئۇ قۇل بېدىكىمۇ دەيمەن؟ — دېدى شىلبى خانىم ئېرىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدىن بىرئاز خاتىرجەمسىزلىك چىقىپ تۇرغانلىقىنى سەزگەن ھالدا ئۇنىڭغا

تىكىلىپ قاراپ.

— ئىش قىلىپ، ھامان بىر كۈنى ھەممىنى بىلىسەن، ئىش مۇشۇنداق: مەن تام بىلەن ھاررىنى ئۇنىڭغا سىتىپ بېرىشكە ماقۇل بولدۇم.

— قورۇقىمىزدا شۇنچە كۆپ چاكارلار تۇرسا، نېمىشقا ئۇ ئىككىسىنىلا تاللىدىڭىز؟

— ئۇ ئىككىسىنىڭ باھاسى باشقا ھەرقانداق قۇلنىڭكىدىن يۇقىرى، بۇنىڭدىكى سەۋەب ئەنە شۇ. سەن شۇنداق دەۋاتقاندىكىن، مەن ئەمسە يەنە بىر قۇلنى تاللاي. ئەگەر سەن مۇۋاپىق دەپ قارىساڭ، ئۇ كىشى يۇقىرى باھا بىلەن ئىلىزانى سېتىۋېلىشنى خالايدىكەن، — دېدى شېلبى ئەپەندى.

— ھۇ زومىگەر ئەبلەخ! — دېدى شېلبى خانىم غەزەپ بىلەن، شېلبى ئەر - ئايال ئىككىسى ياتىقىدا سۆزلىشىۋاتقاندا، بىر كىشىنىڭ ئۇلارنىڭ پارىڭىنى باشتىن - ئاخىر ئاڭلاپ تۇرغانلىقى ئۇلار ئىككىسىنىڭ زادىلا خىيالىغا كەلمىدى.

ئۇلار ئىككىسىنىڭ ياتىقىنىڭ ئۇ تېمىنىڭ ئارقىسىدا بىر چوڭ تام ئىشكاپى بولۇپ، ئىلىزا بۇ ئىشكاپقا كىيىم ئېسىۋاتاتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە ئاستا كىردى. كارىۋاتنىڭ بىر تەرىپىدە ئۇنىڭ ئوغلى تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.

ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى بالىسىنىڭ ياستۇقىغا ئېقىپ چۈشمىدى. مۇنداق جىددىي خەۋپ ـ خەتەر ئىچىدە ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى قۇرۇغان، ئەمما يۈرىكىدىن قان ئاقماقتا، ئۇندىمەستىن قان ئاقماقتا ئىدى. ئۇ قەغەز ۋە قېرىنداش ئېلىپ، ئالدىراشلىق، ئىچىدە مۇنداق دەپ يازدى:

*«خانىم! سۆيۈملۈك خانىم! مېنى ۋاپا قىلغانىنى بىلمەيدىغان، تاش يۈرەك، رەھىمسىز ئاپال ئىكەن دەپ قالماڭ! مەن سىز بىلەن بىرگىمىزنىڭ بۈگۈن ئاخشام قىلىشقان گەپلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىم. مەن بالامنى چوقۇم قۇتقۇزۇشۇم كېرەك. مېنى ئەيىبلىمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. سىزدەك مېھرىبان خانىمنى تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، بەخت ئاتا قىلغاي!»*

ئۇ دەرھال خەتنى قاتلاپ كونۋېرتقا سېلىپ، تېشىغا خەت يازدى. ئاندىن ئىشكاپ ئالدىغا بېرىپ، بالىسىغا بىرقانچە قۇر كىيىم ئالدى. ئاندىن بالىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئاۋازىڭنى چىقارما دەپ تاپىلاپ، كارىدورنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ تام تاغىنىڭ كەپىسىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى ـ دە، دېرىزىنى يېنىك چەكتى.

ئىشىك ئېچىلىپ، قولىدا كالا يېغىدا ياسالغان شام تۇتقان تام تاغا چىقتى، شام يورۇقى قاچقۇنغا چۈشتى،



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbo